# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي

19

يەكشەنبە

维吾尔文 4 月19日

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65—0002/—W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25036 - سان بۈگۈن 4 بەت


### جۇڭگو - زىمبابۋې دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

## شى جىنپىڭ زىمبابۋې زۇڭتۇڭى مانانگاگۋا بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى زىمبابۋې زۇڭتۇڭى مانانگاگۋا بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 40 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن زىمبابۋې باشتىن - ئاخىر بىر - بىرىگە ئىشەندى، ئۆزئارا قوللىدى، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋاقىت ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەردى. مەن زۇڭتۇڭ مانانگاگۋا بىلەن جۇڭگو - زىمبابۋې ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدىم. (ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، 1 - پەسىللىك پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىۋاتقان، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كېلىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشىمىز ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تەستە قولغا كەلگەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىسىنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مېۋىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، قىلچە بوشاشماي، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تېپىپ چىقىپ، يوچۇقلارنى تولۇقلاپ، تۈرلۈك ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا پۇختا چىڭ تۇرۇپ، ۋاقىت ۋە ۋەزىيەتكە قاراپ تۈرلۈك تەدبىرلەرنى تەڭشەپ، قاراتمىلىق ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئۆستۈرۈپ، چېگرا پورتى مۇداپىئە لىنىيەسىنى قەتئىي چىڭ ساقلاپ، ياخشى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ كىرىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ، نۇقتىلىق ئورۇن، نۇقتىلىق كىشىلەرنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك؛ يەنە ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى زۆرۈر مۇداپىئەلىنىشنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەشكە يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. (ئاخىرى 2 - بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچى ماقالىسى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

3 - بەتتە

## مەركىزىي كومىتېت ۋاڭ جۈنجېڭنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى مۇنداق قارار قىلدى: يولداش ۋاڭ جۈنجېڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋاڭ جۈنجېڭنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مۇنداق قارار قىلدى: يولداش ۋاڭ جۈنجېڭ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

### ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقاتتى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى شەھەر - يېزا مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ شەھەر - يېزا مەھەللە خىزمەتچىلىرى مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى شەھەر - يېزا مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشكە ئائىت تۈرلۈك سىياسەتلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى خەلقنى كۆزلەش، خەلقنى سۆيۈش، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ ئۆزىنى بېغىشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى شەھەر - يېزا مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۇقتۇرۇش» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى. (ئاخىرى 3 - بەتتە)

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە — يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە**

## كەنت دەرىجىلىك دەريا، كۆل باشلىقلىرى شىنجاڭدىكى دەريا، كۆللەرنىڭ «قىل قان تومۇر»لىرىنى قوغدىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ دۇڭلەي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، توققۇزتارا ناھىيەسى كۆندەلەڭ بازىرى مۇخۇر كەنتىدە، پاك - پاكىز مەھەللە ئۆستىڭى قاتار - قاتار كەتكەن قىزىل ئۆگزىلىك، ئاق تاملىق ئۆيلەرنى تۇتاشتۇرۇپ، سۈپسۈزۈك ئېقىن تاغ باغرىنى بويلاپ ئەگرى - بۈگرى ئېقىپ تۇراتتى. «بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى ھازىر خېلىلا پاكىز بولۇپ قالدى، ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن چوڭ ئۆزگىرىش بولدى» دېدى مۇخۇر كەنتىنىڭ كەنت دەرىجىلىك دەريا باشلىقى مياۋ چىڭشەن.

2017 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە باشلامچىلىق بىلەن دەريا باشلىقى تۈزۈمىنى يولغا قويدى. «ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ سۇ سىستېمىسى گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، (ئاخىرى 2 - بەتتە)

## بىسمىنى تۆۋەنلىتىپ يۈكنى يېنىكلىتىش

سۆز ھەممىگە

شۇ چىڭگۇاڭ

«كۆپ تەرەپ ئاساسىي قاتلامغا قايتا - قايتا ۋەزىپە چۈشۈرۈپ، جەدۋەل تەلەپ قىلىش، سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا ‹ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش› قاتارلىق مېخانىكلىق ئۇسۇللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش» «ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، مەزمۇنى قۇرۇق ھۆججەتلەرنى تارقاتماسلىق، رەسمىيەت ئۈچۈنلا داغدۇغا پەيدا قىلىدىغان، مەسىلىلەرنى ھەل قىلمايدىغان يىغىننى

## يەڭگىل جابدۇنۇپ جەڭگە ئاتلىنىش

ئاچماسلىق» «جەڭ داغدۇغىسى چوڭ بولۇش، قاتالاممۇقاتالام دوكلات ئاڭلاش، كەڭ دائىرىدە ھېسابات دەپتىرى، ماتېرىيال تەلەپ قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى تۈزىتىشكە دىققەت قىلىش»...

يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى بېسىپ تارقاتقان «ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىۋاتقان شەكلىۋازلىق مەسىلىسىنى سىجىل ھەل قىلىپ، (ئاخىرى 4 - بەتتە)

**ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى**

### سالاھىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش تەمناتنى ئۆستۈرۈش يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش

## ئاپتونوم رايونىمىز مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ «مەڭگۈلۈك» يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنى يېتىشتۈردۇ

**«يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى كۈچەيتىش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئاساسىنى مۇستەھكەملەش**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، خوتەن شەھىرىنىڭ لاسكۇي بازىرى ئاقتاش كەنتىدىكى داۋالاش ئۆيىنىڭ كەنت دوختۇرى ئادىلجان ئابدۇھەمىت بازارلىق شىپاخانىدىكى كۇرستا دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللەرگە دىياگنوز قويۇش - داۋالاش، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسىدا مەشغۇلات قىلىش، ۋاكسىنا ئەملەش قاتارلىقلارنى ئۆگەندى. «كەنت ئاھالىلىرى ئاغرىپ قالسا ئالدى بىلەن كەنت داۋالاش ئۆيىگە كېلىدۇ، بىزنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىمىز ئۆسسە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تەن ساغلاملىقى ئاندىن تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.» ئادىلجان ھەم ئالدىراش، ھەم ھېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن غەيرىتى تولۇپ تاشقانىدى.

بۇنداق تۆۋەنت بىلەن تەربىيەلەش خوتەن شەھىرىنىڭ ھەرقايسى يېزا - بازارلىق شىپاخانىلىرىدا ھەر پەسىلدە ئاز دېگەندە بىر قېتىم قانات يايدۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خوتەن شەھەرلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى يەنە يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنى داۋالاش كەسپىي بويىچە تەربىيەلەشكە قەرەلسىز تەشكىللەپ، ئادىلجانغا ئوخشاش تېخىمۇ كۆپ كەنت دوختۇرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ ئالغا بېسىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

كەنت دوختۇرلىرى مۇقىم بولسا، ئاساسىي قاتلامنىڭ داۋالاش ئىشلىرى ئاندىن مۇقىم بولىدۇ. يېزا داۋالاش ئىشلىرىنىڭ «ئاساسى» بولۇش سۈپىتى بىلەن، كەنت دوختۇرلىرى قوشۇنىنى قانداق مۇقىملاشتۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىز ئىزچىل ياپىئال ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان خەلق تۇرمۇشى تېمىسى. (ئاخىرى 2 - بەتتە)

## 1 - پەسىلدە شىنجاڭدىكى پورتلار ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.39% كۆپەيدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، چاڭئەن ناملىق جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئالاتاۋ پورتىدا چېگرادىن چىقىپ، 489 توننا خىمىيەۋى ئوغۇت، كۈندىلىك تۈرلۈك ماللار، قۇياش ئېنېرگىيەسى زاپچاسلىرى قاتارلىق ماللارنى بېسىپ مەنزىلگاھى پولشاغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، (ئاخىرى 2 - بەتتە)



### قۇملۇقتىكى بوستانلىقنى قوغداش

**4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، لوپنۇر ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى توغراقلىقنى باشقۇرۇش - قوغداش پونكىتىدىكى خىزمەتچى خادىملار تارىم دەرياسى ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىنىڭ لوپنۇر بۆلىكىدىكى توغراقلىقنى چارلاپ تەكشۈرمەكتە. لوپنۇر ناھىيەسى تەۋەسىدە 800 مىڭ مو توغراقلىق بار بولۇپ، بۇ باشقۇرۇش - قوغداش پونكىتىدىكى خىزمەتچى خادىملار 24 سائەت ئۈزۈلدۈرمەي چارلاپ تەكشۈرۈپ، ئەتىيازلىق توغراقلىق ئوت مۇداپىئە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.**

لى فېي فوتوسى